# پەرزەنتلەرنى غايىلىك قىلىپ تەربىيىلەش، ئاتا-ئانىغا باغلىق

﴿ التربية الصالحة للصغار تصلح بصلاح الآباء ﴾

[ئۇيغۇرچە-الأويغورية-uyghur]

شەيخ ھۈسەين ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئال شەيخ

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿ التربية الصالحة للصغار تصلح بصلاح الآباء ﴾

«باللغة الأويغورية»


حسين بن عبد العزيز آل شيخ

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني



حقوق الطبع والنشر لكل مسلم



2009 - 1430

islamhouse.com

# پەرزەنتلەرنى غايىلىك قىلىپ تەربىيەلەش، ئاتا-ئانىغا باغلىق

2009-يىلى 02-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ خاتىپى جۈمە نامىزىغا توپلاشقان يۈزمىڭلارچە جامائەتكە «پەرزەنتلەرنى غايىلىك قىلىپ تەربىيەلەش، ئاتا-ئانىنىڭ غايە ۋە ئىرادىسىگە باغلىق» دېگەن ماۋزۇدا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئىسلام دىنى ئائىلىنى ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا ماس، هاياتقا مۇۋاپىق مۇھىم ئەمەللەرنى بەلگىلەشنى ئاساس قىلغان، كەلگۈسىدىكى بەخت-سائادەتكە كېپىللىك قىلىدىغان، پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساستا، ئائىلىنى ھەرتۈرلۈك ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاشقا ھېرىسمەن بولدى.

ئىسلامدا ئائىلىنىڭ ئورنى يۇقىرى، نىشان-غايىسى يۈكسەك بولۇپ، ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، ئەۋلادلارنى ھىمايە قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش، زېھنى ۋە جىسمانى جەھەتلەردىن ساغلام تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ قەلبىگە مېھرى-مۇھەببەت، رەھىم-شەپقەت تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈش، يارامىلىق، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدىغان، ئېتىقادلىق، مىللەتپەرۋەر، ۋەتەن سۆيەر ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر.

كۆپلىگەن ئىلمى تەجرىبىلەر ئەۋلاد تەربىيىلەشتە، ئائىلىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان ھېچقانداق بىر سىستېم ئىختىرا قىلىنمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىسلامدىكى ئەڭ بۈيۈك ئەمەللەرنىڭ بىرى، ئەۋلادلارنى

ئىسلامىي تەربىيە بىلەن يېتىلدۈرۈپ، يۈكسەك ئەدەپ-ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلغان ئاساستا، ھەرۋاقىت ۋە ھەرزاماندا تەرەققىياتقا يۈزلىنەلەيدىغان يارامىلىق ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار». تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشى كېرەك.

ئەۋلادلارنى ئالى ھىممەتلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانىي، روھى ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بەختلىك تۇرمۇش ۋە ساغلام ھايات تەلەپ قىلىدىغان، ھەممە تەرەپلەردىن يېتىشكەن يارام ئىزباسار قىلىپ چىقىش كېرەك. بۇنداق پەرزەنتلەر ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە ئەدەپ-ئەخلاقى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي ۋە ھاكىملار رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقتىنمۇ ئېسىل سوۋغا تەقدىم قىلمىدى». ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگۈتۈشى، ئىسلام تەلىماتى ۋە ئەدەپ-ئەخلاقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانىيەتكە تەلىم-تەربىيە بېرىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! ئائىلەڭدىكىلەرنى ۋە ئۈممىتىڭنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ

ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەرزەنتىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا ئۆگىتىڭلار، ئۇلارنى ئون ياشقا كىرگەندە نامازنى ئوقۇمىسا (يەنى نامازغا كۆنمىسە) ئەدەپلەڭلار، ئورۇن-كۆرپىلىرىنى ئايرىم قىلىپ بېرىڭلار». بۇ تەرەپنى كۈچلاندۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىپ كېيىن باشقىلارغا تەلىم بەرگەنلەردۇر». ئاتا-ئانىلار، پەرزەنتلىرىنى ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى سۆيىدىغان، توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىدىغان، گۈزەل ئەخلاقتا ھېرىسمەن، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئېھتىرام قىلىدىغان، قۇرئان-كەرىم چەكلىمىلىرىدە توختاپ، بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان، ئىماندار، ھەقىقەتپەرۋەر ئىنسان بولۇشقا ئادەتلەندۇرۇشى كېرەك. پەرزەنت ئېسىل تەربىيە بىلەن جەمئىيەتكە مەنپەئەت بەرسە، ناچار تەربىيە بىلەن جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا تۆھپە قوشىدۇ.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئادەت ۋە قىلمىشلارنى يۇقتۇرۇۋېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق پەرزەنت ئىسلام فىترىتىدە دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ياكى مەجۇسى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ».

ئاتا-ئاتىلار قىز پەرزەنتلەرنى ئىپپەتلىك، شەرمى-ھايا، ئەدەپ-ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، دىنى ساۋات ئېلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ جەننەتكە كىرىشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىندۇر. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قىز پەرزەنت ئاتا قىلىنىش بىلەن سىنالغان كىشىلەر، قىز پەرزەنتلىرىگە خەير-ئېھسان قىلىپ، ياخشى تەربىيىلىسە، ئۇلار ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن، قىيامەتتە دوزاختىن پەردە بولىدۇ». يەنە بىر ھەدىستە: «كىمنىڭكى، ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ھەمشىرىسى بولسا ياكى ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ». پەرزەنتلىرىگە ياخشى تەربىيە قىلغان ئاتا-ئانىلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆپ ياخشىلىق ۋە چەكسىز مەرھەمەتكە ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ۋاپات بولغاندا، ئۈچ تۈرلۈك ئىشتىن باشقا ھەممە ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىرى ئاتا-ئانىسى ھەققىدە كۆپ دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنتتۇر».

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنى ئىسلاھ قىلماي، ئىسلامىي تەلىم بېرىشكە سەل قاراپ، تەلىم-تەربىيە ئىلىش ۋاقىتلىرىدا ياخشى يوليۇرۇقلارنى بەرمەيدىكەن، ئاخىرىدا پەرزەنتلىرى تەرىپىدىن خارلىق ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گۇناھنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئىنساننىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىغا لەنەت ئېيتىشتۇر، دېگەندە، بىر كىشى: يا رەسۇلۇللاھ! ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قانداق لەنەت ئېيتىدۇ؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: باشقىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللايدۇ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللايدۇ» دېگەن. پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشىگە سەل قاراپ، ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىغا ياخشى كۆڭۈل بۆلمەسلىك بۈيۈك جىنايەت ۋە چوڭ خىيانەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پەرزەنتنى يارامىلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈش، ئاتا-ئانىغا ئاللاھ

تەربىيىدىن تاپشۇرۇلغان ئامانەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھغا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك بولغان بۈيۈك دەستۇرنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەر كىم ئۆز پادىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، ئەر كىشى ئۆز ئائىلىسىدىن سورىلىدۇ، رەھبەرلەر ئۆزى مەسئۇل بولغان خەلقنىڭ ئىشىدىن سورىلىدۇ، ئايال كىشى ئۆز ئېرىنىڭ مال-مۈلكى ۋە پەرزەنتىدىن سوئال قىلىنىدۇ».

ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىكە سەل قاراپ پەرزەنتلەرگە ئۆزى كۆڭۈل بۆلمەي، خىزمەتچى ۋە بالىلار باغچىلىرىغا تاپشۇرۇشى، پەرزەنتلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلەنمەسلىكىنىڭ يەكۈنىدۇر. ئانا قىز-ئوغۇللارنى، يارامىلىق ئەرلەرنى تەربىيىلەشتە ئەڭ ئىشەنچىلىك تەربىيەتچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئاللاھنىڭ تائىتى ئاستىدا تەربىيەلەش، ئۆزىنىڭ بارلىق پىكرى ۋە ۋاقتىنى، يۈرەك پارىسىنى ياخشى تەربىيىلەپ ئانىلىق مېھرىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىسىدە بىزگە ئەسلىتىپ ئايال كىشى ئۆز ئېرىنىڭ مال-مۈلكى ۋە پەرزەنتىدىن سوئال قىلىنىدۇ دېدى، ئىلگىرىكى زاماندا ئانىلار، يارامىلىق ياخشى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە مۇئەللىمنىڭ رولىنى ئالغان بولسا، ھېلىھەم ئۇ بۈيۈك ئورنى ساقلىنىپ كەلمەكتە. پەرزەنتلەرنى دۇنيادا تىنچ، ساغلام ھايات كەچۈرىدىغان ياخشىلىق يوللىرىغا يېتەكلەشمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارغا: ئەۋلادلىرىڭلارنى سۇ ئۈزەلەيدىغان، ئات مىنەلەيدىغان ۋە ئوق

ئاتالايـدىغان قىلىـپ تەربىـيىلەڭلار دەپ تەۋسىـيە قىلغـان. ئـالـلاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «يېتىملەرنـى بـالاغەتكە يەتكەنـگە قەدەر سىـناپ تـۇرۇڭلار، ئـۇلاردا مـالـلىرىنى باشـقۇرالايدىغان ھـالەتنى بايقىسـاڭلار، ئۇلارغـا مـال- مـۈلكىنى تاپشـۇرۇپ بىـرىڭلار». يـۇقىرىقى ئـايەت ۋە ھەدىسـلەردىن شـۇنى بىلىۋالالىشـىمىز مـۇمكىنكى؛ ئەۋلادلارنـى ياخشـى تەربىيىلەشـتىكى ئاساسلارنىڭ بىرى، ئۇلارنى ھاياتنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدا ياخشى ئىشلارنى قىلىشـقا، گـۈزەل ئەخلاقلىـق بولۇشـقا ئادەتلەندۇرۇشـتۇر، ئۇلارغـا ئۆسمۈرلىكىدە بېرىلگەن تەربىيەنىڭ مەنپەتى ناھـايىتى چوڭقۇر بولىـدۇ. ئاتـا-ئـانىلار پەرزەنـتلەرگە، چىرايلىـق ۋەز-نەسىـھەت قىلىـش ئـارقىلىق، ھاياتتـا دۇچ كېلىۋاتقـان ۋە كېلىـدىغان، بىلدۈرۈشـكە تىگىشـلىك بولغـان، ھەقىقەتلەرنى بىلدۈرۈپ، ئـۇلارنى ئـالى مەقسەتلەرگە يېتەكلىشـى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا لوقمان(ھەكىم) ئوغلىغا نەسىـھەت قىلىـپ: ئـى ئوغـۇلچىقىم، ئاللاھقـا شـېرىك كەلتـۈرمىگىن، شـېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋاستىلارنى ئىشلىتىش، ھەممە ئىشتا ئۇلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇش، قىلغان ئىشلىرى ئاللاھ رازى بولىـدىغان ئـالى پرىنسىـپ ۋە تـوغرا يولغـا مۇۋاپىـق بولۇشـى كېـرەك. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « كىمىكى كىچىك بالىنى، بۇياققا كەل بىـر نەرسە بېرىمەن دەپ، بىر نەرسە بەرمىسە يالغانچى بولىدۇ» دەيدۇ. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولىشى پەرزەنتكە چوڭقۇر تەسىرى بولۇپ، بۇ شـەرىئەت دەلىللىـرى ۋە كەسكىن ھەدىسـلەر بىـلەن ئىسـپاتلانغان ھەقىقەتتـۇر. ئىلگىـرىكىلەردىن بىـرى: بىزنىـڭ ئـارىمىزدىكى ياشـلار ئاتـا-ئانىسـى

ئادەتلەنـدۈرگەن بويـۇنچە ئۆسـۈپ يېتىلـىـدۇ دېـگەن. شـۇنداق بولـىـدىكەن ھەرقانداق پەرزەنت ئۆز ئاتا-ئانىسى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار ھەممە ئىشتا پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولۇشى، ئۇلارنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن پائالىيەتچان قىلىپ يېتىلدۈرۈشى، ئۇلارغا شەرئەت ئەھكاملىرى ۋە بارلىق ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆگىتىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر».

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەقۋا، دىندار ياخشى كىشىلەرگە ھەمراھ قىلىشى، ئۆز ھالىغا قويماسلىقى، كىملەر بىلەن، كىملەرنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن دوستلاشتى، بۇنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۆزى خالىغان ياشلار بىلەن ئارىلاشتۇرماسلىقى كېرەك. ئىنساننىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ياكى ئازغۇن يوللارغا مېڭىشىدا، ئۇنىڭ ئارىلاشقان دوستلىرىنىڭ تەسىرى زور بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئىنسان ئۆزى ئارىلاشقان كىشىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، ئۆزۈڭلار ئارىلاشقان كىشىگە قاراڭلار» دېگەن، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە گۈزەل ئەخلاق، كەڭ قورساقلىق بىلەن ھەمرا بولۇشى، گۇناھ-مەسىيەتتىن خالى مەلۇم خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، تولۇق مېھرى-شەپقەتنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، پەرزەنتلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولىشىغا راستچىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەك.